شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي
31
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月31日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24865 - سان بۈگۈن 4 بەت

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ پورتۇگال يېزىقىدىكى برازىلىيە نەشرىنى تونۇشتۇرۇش مۇراسىمى سان پاۋلودا ئۆتكۈزۈلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، سان پاۋلو، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر **گاۋ چۈنيۈ**) «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 - تومى، 2 - تومىنىڭ پورتۇگال يېزىقىدىكى برازىلىيە نەشرىنى تونۇشتۇرۇش مۇراسىمى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى برازىلىيەنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى سان پاۋلودىكى يول ئاچقۇچىلار سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى لياڭ يەنشۈن، جۇڭگونىڭ سان پاۋلودا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى چېن پېيجيې، برازىلىيە سان پاۋلو ئىشتاتىنىڭ ئىشتات باشلىقى يوئاۋ دورىيا قاتارلىق 260تىن ئارتۇق جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك مېھمان پائالىيەتكە قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

«ئەگىشىپ يۈگۈرۈش»تىن «يېتەكلەپ يۈگۈرۈش»كىچە بولغان ھالقىش

—— شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ قويۇق نېفىت قېزىش - پىششىقلاش تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە سىجىل ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

☐**مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېي، ما يىنىڭ**

10 - ئاي كىرىشى بىلەن، جۇڭگو نېفىتى قاراماي نېفىت - خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سىلىقلاش مېيىغا يۇقىرى بېسىمدا ھىدروگېن قوشۇش 3 - يۈرۈش قۇرۇلمىسى جىددىي سىناق قىلىنىۋاتاتتى. بۇ قۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ شىركەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيىنى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىر مىليون توننىغا يېتىدۇ، قارامايدىكى بىر نەچچە ئەۋلاد نېفىت - خىمىيە سانائىتى كىشىلىرى بوشاشماي ئىنتىلىپ كەلگەن نىشان —— دۇنياۋى سىكلوئالكىل مەھسۇلات بازىسى قۇرۇپ چىقىش ناھايىتى تېز ئىشقا ئاشقۇسى.

قاراماي نېفىت - خىمىيە سانائىتى كىشىلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى شىنجاڭ قويۇق نېفىتىنىڭ قېزىلىشىدا. چەت ئەللەردىكى نوپۇزلۇق شىركەتلەر تەرىپىدىن ئېچىش چەكلەنگەن رايون دەپ ئۈچ قېتىم جاكارلىنىشتىن بۈگۈنكى كۈندىكى ئەلا سۈپەتلىك سىكلوئالكىل قويۇق نېفىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 100 مىليون توننىلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىگىچە؛ دەسلەپتە چەت ئەللەردىن قېزىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىمەكچى بولۇپ ئىگىلىيەلمەسلىكتىن بۈگۈنكى كۈندە قويۇق نېفىت قېزىشنىڭ كۆپ تۈرلۈك تېخنىكىسىدا خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەنلىكىگىچە، جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ قويۇق نېفىت قېزىش تېخنىكىسىدا ئۈزلۈكسىز بۆسۈش ھاسىل قىلىشتا، تايانغىنى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش، گۇۋاھ بولغىنى يېڭى جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدۇر!

■ دۇنيا دەرىجىلىك قىيىن مەسىلە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى

بىر تەرەپتىكىسى ئىنتايىن قىممەتلىك قويۇق نېفىت بايلىقى، بىر تەرەپتىكىسى قويۇق نېفىت قېزىش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت دۇنيا دەرىجىلىك قىيىن مەسىلە ئىدى. ئەينى يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكا مۇتەخەسسىسى سۈن شىنگېنىڭ كەيپىياتىنى پەقەت «نېفىتقا قاراپ خۇرسىنىش» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەشكە بولاتتى.

قويۇق نېفىتنىڭ قىممەتلىكلىكى ھەققىدە توختالغاندا، سۈن شىنگې مۇنداق چۈشەنچە بەردى: قويۇق نېفىت بىلەن زىچ نېفىت، كۆمۈر قاتلىمى گازى، سلانېتس گازى، تەبىئىي گاز گىدراتى قوشۇلۇپ بەش چوڭ ئادەتتىن تاشقىرى نېفىت - گاز بايلىقى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان 21 - ئەسىردىكى ئەڭ ئىستىقباللىق ۋە ئەڭ رېئال ئورۇنباسار بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى قويۇق نېفىت ئاساسلىقى شەرقىي قىسمىدىكى بوخەي دېڭىزى قولتۇقى ئويمانلىقى ۋە غەربىي قىسمىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىغا تارقالغان. قويۇق نېفىتنىڭ خىمىيەلىك تەركىبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قويۇق نېفىتنى پارافىن ئاساسلىق قويۇق نېفىت، ئارىلىق ئاساسلىق قويۇق نېفىت ۋە سىكلوئالكىل قويۇق نېفىتى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، سىكلوئالكىل قويۇق نېفىتى يۇقىرى دەرىجىلىك ترانسفورموتور مېيى، راكېتا ئىتتىرگۈچىسى، قاتتىق سوغۇققا چىدامىلىق ئايتول، ئالاھىدە دەرىجىلىك ئاسفالت قاتارلىقلارنى چەككىلەيدىغان كەم ئۇچرايدىغان خام ماتېرىيال بولۇپ، نېفىت ئىچىدىكى «سېرىق يەر» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

شىنجاڭ 12 تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىپ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **ما جيەنلۇڭ، ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يېقىندا 12 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساياھەتچىلەر ۋە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ساياھەت تىجارەتچىلىرىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ سىجىل، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

12 تۈرلۈك تەدبىر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ساياھەت تىجارەت ئاپپاراتلىرى، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى، ساياھەت ئەسلىھەلىرى مۇلازىمەت ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى ئېنىق قېلىپلاشتۇردى. ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە، نامۇۋاپىق تۆۋەن باھادا ساياھەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، ئىستېمالچىلارنى ئالداش ھەم مال سېتىۋېلىش ياكى ئايرىم ھەق تۆلەيدىغان ساياھەت تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق شىرىنكانە ئېلىش قاتارلىق نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشكەن بولسا، باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىغا ئىگە ساياھەتچىلىككە مەسئۇل تارماقلار قانۇن بويىچە تۈزىتىشكە بۇيرۇشقا ياكى جازالاشقا ھوقۇقلۇق. ساياھەت كوپىراتىپى ساياھەت پائالىيىتىنى تەشكىللىگەندە، ساياھەتچىلەر بىلەن توختام ئىمزالىشى كېرەك. ساياھەت كوپىراتىپى بىلەن ساياھەتچىلەر ساياھەت توختامى ئىمزالىغاندا، ساياھەت توختامىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى چىن، توغرا، مۇكەممەل چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ساياھەت كوپىراتىپى ساياھەت مۇساپىسى باشلىنىشتىن بۇرۇن، ساياھەتچىلەرنى ساياھەت مەنزىلى ۋەرەقسى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ساياھەت كوپىراتىپى ساياھەت پائالىيىتىنى تەشكىللىگەندە، يۇقىرىقى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلمىسا، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرى چەكتە جازا بېرىلىدۇ، ساياھەتچىلىككە مەسئۇل تارماقلار 100 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنى تىجارەتنى توختىتىپ ئۈچ ئاي تەرتىپكە سالىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا - كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق مۇھىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر **گۇەن چياۋچياۋ**) ھازىر قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئېگىز يەر يېزىسىدا ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇشقا باشلىدى. ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغان گۈلخان خۇداۋەردى ھاۋانىڭ سەل سوغۇقلىقىغا قارىماي ھويلىنى تازىلاشقا باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە سۇ سېپىپ، پاكىز سۈپۈرگەندىن كېيىن، پاكار تامدىكى بىر نەچچە تەشتەك گۈلنى سۇغىرىپ قويدى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ تام بىلەن ئايرىۋېتىلگەن قوتانغا كىرىپ قوي - كاللىرىغا يەم بەردى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قىلىدىغان تەرتىپلىك ھەرىكىتىگە ئايلانغانىدى.

«ھازىر، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھويلىنى تازىلاپ قوي - كاللارغا يەم بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ناشتىغا تەييارلىق قىلىمىز.» گۈلخان خۇداۋەردى مۇنداق دېدى: ھويلا پاكىز، رەتلىك بولسا، ئادەم تېتىكلىشىپ قالىدىكەن، روھىي قىياپىتىمۇ ياخشىلىنىدىكەن.

بۇلتۇر شىنجاڭدا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئاساسىي قاتلامدا، بولۇپمۇ ئېغىر نامرات بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا - كەنتلەردە زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە يېتەكلەپ، ھويلا - ئارانى تۈزەش ئارقىلىق تۇرالغۇ رايونى، تېرىقچىلىق رايونى، باقمىچىلىق رايونىدىن ئىبارەت «ئۈچ رايوننى ئايرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. نۇرغۇن ئاھالە گۈلخان خۇداۋەردىگە ئوخشاش تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى بىرلىكتە يېتىشتۈردى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

☐**مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا**

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى بىرلىكتە يېتىشتۈردى.

«بىر قېتىم، جاڭ ئانا مېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ، ماڭا شۇ زامات دورا ئەكېلىپ بەردى، ھەر كۈنى ئەھۋالىمنى سوراپ تۇردى. جاڭ ئانا كۆيۈنگەچكە، مېنىڭ سالامەتلىكىم ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى.» 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىدە ئېچىلغان مەكتەپ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمىتى يىغىنىدا، بۇ مەكتەپنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى شۆيۈەنى ئېلېكترىك قۇرۇلۇشى 2017 - 3 - سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەرىيەمقىز ئىلغار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆزىنىڭ «ئۈچكە كىرىش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى

زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ تاكامۇللاشتۇرۇپ، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

—— قۇمباغ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى

ئۈندىداردا تاماق بۇيرۇتسا، ئىسسىق تاماق ئېتىز بېشىغىچە يەتكۈزۈلىدىغان بولدى

☐**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز بەي جيېۋ، جاۋ چۈنخۇا، خې لىك**

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال بازىرى قۇمباغ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى مەمتىمىن ئابلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئېتىزدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، مەمتىمىن يانتېلېفونىنى ئېلىپ، ئۈندىدارنى ئېچىپ، كەنتتىكى «كېلىنچەكلار دوستلار» دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ خوجايىنى نۇرمەمەت قادىرنىڭ ئىسمىنى تېپىپ، ناھايىتى تېزلا سۆز قالدۇرۇپ، ئاندىن 45 يۈەن پۇلنى ئۇنىڭ ھېساباتىغا كۆچۈرۈپ بەردى.

نۇرمەمەت ئۈندىدار ئۇچۇرىنى كۆرگەندىن كېيىن، خوتۇنى پەردە ئېلىپ تېزدىن 105 تال جۇۋاۋا پىشۇرۇشنى بۇيرۇدى، پىشقان جۇۋاۋىنى تاماق قاچىسىغا سېلىپ، توكسىكلىتتىكى ساندۇققا سالغاندىن كېيىن، نۇرمەمەت توكسىكلىتنى قوزغىتىپ، ئۇچقاندەك ھەيدەپ مەمتىمىننىڭ ئېتىز بېشىغا ئاپىرىپ بەردى. يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا، مەمتىمىن ئائىلىسىدىكىلەر ئىسسىق ھورى چىقىپ تۇرغان جۇۋاۋا يېدى.

«گۆش نانىنىڭ بىرى 15 يۈەن، لەغمەن بىلەن يۈرۈشلۈك مىفەننىڭ باھاسى ئون يۈەن، جۇۋاۋىنىڭ كىچىك قاچىلىقى 25 تال بولۇپ 12 يۈەن، چوڭ قاچىلىقى 35 تال بولۇپ 15 يۈەن. تاماق، قورۇمىلارنىڭ باھاسى بازار باھاسى بىلەن ئوخشاش، ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە ئىشىك ئالدىغىچە ھەقسىز يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.» مەمتىمىن مۇنداق دېدى: بەزىدە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر كۈن دېگۈدەك ئىشلىگەندە، ئۆيگە قايتىپ تاماق ئەتكۈدەك ھالىمىز قالمايدۇ، شۇنداق چاغدا نۇرمەمەتكە تاماق بۇيرۇتىمىز، ياخشىراق تاماق يېگىمىز كەلسە، يەنە ئۇنىڭغا داپەنجى ئەكەلدۈرىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ كۈزلۈك مەنزىرىسى

جىڭ ناھىيەسى دۇڭدۇجىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ كۈز مەنزىرىسى (10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۇچقۇچسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). كەچ كۈز مەزگىلىدىكى دۇڭدۇجىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىدا كالا - قويلار توپ - توپ بولۇپ يايلىماقتا، مەنزىرىسى كىشىنى جەلپ قىلىدۇ.
☐ئەن شياۋلۇڭ فوتوسى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP